# 34270 - زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى يەنى تەرۋىيە كۈنى ئېھرامدا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار

## سوئال

زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى يەنى تەرۋىيە كۈنى كىشلەردە تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك ئىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىمىز:

1- ئۇلارنىڭ ھەجگە ھەرەم مەسچىتىدىن ئېھرام كېيىۋاتقانلىقى.

2-  ئۇلارنىڭ ئۆمرە ئۈچۈن كىيگەن ئېھراملىقلىرىنى كېيمەيدىغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز. بۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھاجىلار ھەجگە ئېھرام كېيىدىغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىمىز:

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: تەرۋىيە كۈنى ھاجىلارنىڭ ئېھرام كىيدىغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار:

بىرىنچى: بەزى كىشلەر ھەجگە ھەرەم مەسچىتىدىن ئېھرام كىيىش زۆرۈر دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېھرام كىيىش ئۈچۈن جاپا تارتىسمۇ يىراق جايلاردىن ھەرەمگە كېلىدۇ، بۇ تۈپتىن خاتا قاراش. ھەرەم مەسچىتىدىن ئېھرام كىيىش زۆرۈر ئەمەس، بەلكى سۈننەت بويىچە ھاجىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان ئورۇنلىرىدىن ئېھرامغا كېرىدۇ. ساھابە كېراملار ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئېھرامدىن چىققان، كېيىن تەرۋىيە كۈنى ھەجگە ئېھرام كيگەن، ئۇلار ئېھرام كىيىش ئۈچۈن ھەرەم مەسچىتىگە كەلمىگەن، بەلكى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ تۇرغان جايىدىن ئېھرامغا كىرگەن. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بولغان سۈننەت ئىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەجگە ئېھرام كېيىشنىڭ سۈننىتى ھەر بىر كىشى قەيەردە بولسا يەنى مەككىدە بولسا مەككىدىن، منادا بولسا منادىن (ھازىرقى ۋاقىتتا بەزى ھاجىلار منادا ئورۇن تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن مناغا بۇرۇن چىقىۋالىدۇ) قەيەردە بولسا شۇ يەردىن ئېھرامغا كېرىشى كېرەك.

ئىككىنچى: بەزى ھاجىلار ئۆمرىگە كيگەن ئېھرامنى يۇيۇپ-تازىلىمىسا ئۇنى ھەج ئۈچۈن كىيسە توغرا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ، بۇمۇ توغرا بولمىغان قاراش. چۈنكى ئېھرام كيگەندە ئېھرام كېيىمىنىڭ يېڭى ياكى بەك پاكىزە

بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ، پاكىزە بولسا ياخشى ئەلۋەتتە، ئەمما ئۇمرە ئۇچۇن كىيگەن ئىھرامنى، ھەجدە كىيسە توغرا بولمايدۇ دېگەن سۆزتوغرا ئەمەس.

يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىم ھاجىلاردىن ھەجگە ئىھرام كىيىدىغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان بەزى خاتالىقلارغا نىسبەتەن كۆڭلۈمگە كەلگەنلىرىدىن ئىبارەت.